
# ئىسرا ۋە مىئراج




مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

پەيغەمبەرلىكنىڭ 10 - يىلى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىكى ھەرەم مەسجىدىدىن پەلەستىندىكى ئەقسا مەسجىدىگە يەنى، بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ كېچە دۇلدۇل ئىسىملىك بىر ئۇلاغقا مىندى.



ئۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بەيتۇلمۇقەددەستىن يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا چىقتى، بارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى، جەننەت بىلەن دوزاخنى، جەننەت ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى كۆردى.



ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈممىتىگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغاندىن كېيىن قايتىپ چۈشتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە قەۋمىگە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇلار ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمىدى.




کېچىدىلا
بىر
بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ -
كېلىش ئادەمنىڭ ئەقلىگە
سىغامدۇ؟
ئۇنىڭ دېگەنلىرى
راست بولسا، بىزگە
بەيتۇلمۇقەددەس
ھەققىدە سۆزلەپ
بەرسۇن!


پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا بەيتۇلمۇقەددەسنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. يەنە تېخى، ئۇلار كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان كارۋان ھەققىدىمۇ خەۋەر بەردى.


ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان تۇرۇپ بىزگە بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى.
تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى، ئۇ يىراق سەھرادىن كېلىۋاتقان كارۋان ھەققىدىمۇ خەۋەر بەردى، بۇلارنى قەيەردىن بىلگەندۇ؟


هەي ئەبۇ بەكرى، دوستۇڭ مۇھەممەد: «بىر كېچىدىلا بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ كەلدىم» دەۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟
ئۇ شۇنداق دېگەن بولسا راست دەپتۇ.
ئەبۇ بەكرى مۇشۇ سەۋەبلىك «سىددىق» دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولدى، ئۇنىڭ مەنىسى «تەستىقلىغۇچى» دېگەن بولىدۇ.